# شېئرىيەت سەھىپىسى

ئەخەت غاپپارخان ئوغلى

## (غەزەل)

ئىزدىدىم ئالەم ئارا، ئېيتقىن نىگارىم، قايدىسەن؟
ئىشقىڭدا باغرىم يارا، ئېيتقىن نىگارىم، قايدىسەن!

يەتتە ئىقلىم قالمىدى مەن كەزمىگەن ھەم بارمىغان،
بولمىسۇن بەختىم قارا، ئېيتقىن، نىگارىم قايدىسەن.
كۆرسىتىپ ۋەسلىڭنى بىر ھىجران ئوتىغا تاشلىدىڭ،
چېچىڭگە سېلىپ جالا، ئېيتقىن، نىگارىم قايدىسەن.
ئاڭلىسام سەندىن خەۋەر شۇ پۇرسەت ساڭا ئۇچارمەن،
قالسىمۇ ئىشىم چالا، ئېيتقىن، نىگارىم قايدىسەن.
ئۆتەرمەن سەھرا كېزىپ ھەم ئاشارمەن تاغۇ-داۋان،
كەلسىمۇ باشقا بالا، ئېيتقىن، نىگارىم قايدىسەن.
ئاشىقنىڭ ئاھ، چەكسىمۇ، بىل ئاخىرى تاپقاي سېنى،
بولاي دەپ ئۆمرۈڭگە ھەمرا، ئېيتقىن نىگارىم قايدىسەن.

## داستانچە بار

بۇ ۋەتەن جەننەت مىسالى، تەرىپى داستانچە بار،
كۆكسىدە چاقماق چاراقلار، مېھرى بىر گۈلخانچە بار.
ساخاۋەت بابىدا تەڭسىز مىڭ خىل ناز-نېمەتكە باي،
ھەر تېشى ياقۇت-سەدەپ، چېھرىسى جانانچە بار.
ئاق باشلىق تەڭرى تېغىنىڭ چوققىسى خانتەڭرىدۇر،
مۇنبەتلىك دالىسىنىڭ شوھرىتى جاھانچە بار.
ئوينىتقان مىسىران قىلىچنى قوزغۇنلارنىڭ بېشىدا،
ئوت ژۈرەك ئوغلانلىرى ساھىبى قىرانچە بار.
شۇ دىيارنىڭ بىر دىلبەندى، غەزەلخان شەيداسىمەن،
قەلبىمدە ئانا ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى ئۇممانچە بار.

## ئانا

قەلبىمدە دەردىم تولا، ئارمان تولا،
ۋا دەرىخا، ئانامنى مەن كۆرمىگەنمەن.
ئادەمنىڭ شاھلىق چېغى-بالا چېغى-
دەۋرىنى ئەگىتۇشلاردەك سۈرمىگەنمەن.

ئۇلغايدىم ھەر نەرسىگە بايا-شايات،
بىراقتا ئانا مېھرى يېتىشمەتتى.
ئۇكسىمىسۇن دېيىشىپ ئۇيدىكىلەر،
ئانامنىڭ نە بولغىنىن ئېيتىشماتتى.
ئويلاتتىم ئاناجاننىڭ قىياپىسىن،
كۆز ئالدىمغا غۇۋا بوپ كىلەرمۇ دەپ.
سېغىنىپ بەزەن پىنھان ياش تۆكەتتىم،
مۇقەددەس روھى ھالىم بىلەرمۇ دەپ.

ھاياتنىڭ تۈگمىنىگە نەچچە چۈشتۇم،
تاسقىدى ئەگلەكلىرى راسا مېنى.
قىينالغان چاغلىرىمدا ئازاپ تارتىپ،
مەدەت بەر ئانا!- دېدىم ئەسلەپ سېنى.

ئۇلغىيىپ مانا بۈگۈن بوۋا بولدۇم،
شۇندىمۇ ئاناجاننىڭ قەدرى ئۆتەر.
ئانا روھى ھېچ نەرسىگە مۇھتاج ئەمەس،
بىراقتا مەلدىن دايىم دۇئا كۈتەر.

دۇئا قىلىپ، مەن ئانامنى ياد ئېتىمەن،
تەڭرىگە نالە قىلىپ داد ئېتىمەن.
بارىمەن بىر كۈن كېلىپ قېشىڭىزغا
ۋىسالغا يېتىپ سىزنى شات ئېتىمەن.

## تۇرتكىلەر

ماختاشقا ناقابىل بەك بېرىلدۇ،
چاپلىسا يوق خىسلەتنى كېرىلدۇ.
يەل بەرگەن شاردەك كۆككە كۆتىرىلىپ،
يەر ئۈزرە چۈشەلمەستىن يېرىلدۇ.

* * *

ئۆگەتمەك بولۇپ ئىبلىس توتى قۇش سېتىپ ئالدى،
زۇۋانىنى چىقىرىپ ئەلنى تىللاشقا سالدى.
يالغانلارنى راس قىلىپ، ئالداپ كەلگەن خەقلەرنى،
قانچىلىغان ھېلىگەر شۇ توتىدەك بوپ قالدى.

* * *

باۋامنى قانچە مەلئۇن قارىلىدى،
قەلبىنى تۆھمەتلىرى يارىلىدى.
روياپقا ئاشار چاغدا ئارزۇلىرى،
چىقىرىپ يوققا، ساتقۇن ئارىلىدى.

* * *

ئەزەلدىن ئۇيغۇر-ئوزبەك بىر تۇققان،
دەردىگە دەرمان بولۇپ، دىلىن ئۇققان.
ئايرىلىپ قالغان چاغدا مەغلۇپ بولۇپ،
بىرلىشىپ قىلغاندا جەڭ ھامان ئۇتقان.

ب. رەھمۇۋ

## تاڭ ۋە مەن

قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ ئاسمان،
تۇققان مېنى نازاكەتلىك تاڭ.
جىلۋىلىنىپ تىللاردەك تازا،
قۇچقان مېنى ساخاۋەتلىك تاڭ.

بۇغداي ئۈنگۈك، ئالمىدەك سۈزۈك،
شەيدا ئىسمەن تاڭنىڭ شۇ سەۋەپ.
ئۇمچىلار ئېيتقان ناخشىدىن،
شائىرلىقىم باشلانغان دەسلەپ.

نۇر ئاتا قىپ كۆڭلۈمگە چولپان،
پاك نومۇستىن يېيىپتۇ يوتقان.
يار بولسۇن دەپ مەڭگۈلۈك ئىمان،
بوۋام ماڭا ئوقۇتقان قۇرئان.

كىندىكىمنى كېسىپتۇ قۇياش،
ياقۇت بىسلىق شولىسى بىلەن
ساپ ئۇيغۇرچە چىقىپتۇ تىلىم،
ھەق ئېگەمنىڭ بۇيرۇغى بىلەن.

ناخشا بەندى باھاۋۇدۇننىڭ،
ئىسمىن ماڭا قويۇپتۇ بوۋام.
ناۋائىينىڭ غەزەللىرىدىن،
تۇمار تىكىپ ئېسىپتۇ مومام.

ئاي نۇرىغا زاكىلاپ مېنى،
مۇقامىدا تەۋەتكەن ئانام.
ئۇيغۇرىستان بوشۇگۇم مېنىڭ
ئەللەسىدىن باشلانغان ناخشام.

## ئىپارخان

مەيلى سېنى قىياس قىپ گۈلگە،
گوزەللەرنىڭ شاھى دېسۇن يۇرت.
مەيلى سېنى ئوخشىتىپ كۈنگە،
مۇھەببەتنىڭ شامى دېسۇن يۇرت.

مەيلى سېنى قىياس قىپ كۆيگە،
چىن ۋاپانىڭ سازى دېسۇن يۇرت...
مەيلى سېنى كۆتىرىپ كۆككە،
پاك نومۇسقا داھى دېسۇن يۇرت.

شەنىمىزنىڭ زۇمرەت ھەيكىلى،
يۇرت قەلبىدە قىياپەڭ بۈيۈك.
شاھىيانە نامىڭنى داڭلاپ،
رەقىپلەرگە قارايمەن كۈلۈپ.

پەرىزاتلار شاھىن-شاھىسەن،
مىزاندەك بارچە پاكلىقنىڭ.
ئېپتىھارى ئوزەڭ ئۇيغۇرنىڭ،
ئەمۇنىسى يەنە ساپلىقنىڭ...

مەھلىيا قىپ ئەھلى جاھاننى،
سولەت چاچار سۇرىتىڭ ھەتتا.
ئېيتىپ زۇرەر شەنىڭگە شۇڭا،
لوندون، پارىژ ياڭرىتىپ ناخشا.

ۋاپادارلىق سەجدىگاھىغا
مېھراپ مەڭگۇ روھىڭ ئىپارخان.
تاۋاپ قىلسام، قىلىمەن ساڭا،
ئىرادەڭگە ئەيلەپ ئېھتىرام.

تاشپولات ئىكرامي

## «ۋەتەننى سويمەك ئىماندىندۇر»

### (ھەدىستىن)

### ئويغان

ئەجداتلارنىڭ يۇرتىسەن،
ئۇچمەس ژۇرەك ئوتىسەن.
باغلىرىڭدىن گۈل تېرىپ،
دوستلىرىڭغا تۇتىسەن.
باغرى باھار دىيارىم
غۇرۇرۇم، نومۇس-ئارىم.
سېنى كۈيلەپ جاراڭلار،
دىلغا-دىلداش دۇتارىم.
كۈپلەر يەتتى ئەھدىگە،
ئەركىنلىكۇ-بەختىگە.
مۇستەقىللىق تۇپەيلى،
ئولتاردى تاج-بەختىگە.
سەن ياتسەن تولغىنىپ،
كىشەنلەردە بوغۇلۇپ،
كۆتەر ئەلدى بېشىڭنى،
ئۈز كىشەننى ژۇلقۇنۇپ.
ياۋدىن ئالار ئۆچۈڭ بار،
يېتەر ئاڭا كۈچۈڭ بار.
ئۇلۇق يولدا ئەجداتلار
روھى بولار مەدەتكار.

ۋەتەن سويمەك ئىماندىن،
ئىمان بىلەن ۋىجداندىن.
قىياپەڭنى تاپىمدىم،
بىز دەپ پۈتكۈل جاھاندىن!
چىللايسەن كۆرەشلەرگە،
كۆرە شۇ-ئورلەشلەرگە.
قەلبىڭدىن تىلەپ ئاق يول
ئېھ، قانچە ئوركەشللەرگە!
سادىر، غېنەم، مايىمخان،
سېنىڭ ئۈچۈن قىيغان جان.
نازۇگۇم، ئىپارلارنى
ئوزەڭ قىلغان قەھرىمان.
قوينى قۇتلۇق دىيارىم،
مېھرى ئوتلۇق دىيارىم.
ئوزەڭسەن ساداقەتلىك

ۋاپادارىم، دىلدارىم!
توپرىغىڭ مىسلى ئالتۇن،
قەلبلەرگە بېرەر يالقۇن،
شۇ يالقۇن كۈچى بىلەن،
ياۋدىن ئالاي خۇنىغا-خۇن.
ئەشۇ كۈن قالدى يېقىن،
ياندۇرۇپ چاقماق-چېقىن،
ياۋنى يەكسان قىلىدۇ،
ئەل بولۇپ چوڭ سەل، ئېقىن!
دوستلىرىڭ قوللار سېنى،
زەپەرگە يوللار سېنى.
ئەركىڭنى تويلار سېنىڭ.

## دەردىم مېنىڭ

دەردىم مېنىڭ ئەرك تاڭلار ئاتماستىن،
ياۋ قولىدا ئاھ-زار چېكىپ بوغۇلغان.
باغلىرىدا خوش پۇراقلىق گۈللىرى،
غۇنچە تۇرۇپ، ئېچىلماستىن سوغۇلغان.

دەردىم مېنىڭ ئەرك تاڭلار ئالماستىن،
ۋۇرگە تىلگىم ئوز ئېلىمغا پاتماستىن.
ياشاۋاتسام ئۇملىشەلمەي، چېچىلىپ،
ئىلاجىم يوق مەن دەردىمنى تارتماستىن.

دەردىم مېنىڭ- كوز يېشىم-ئىلى، تارىم،
ياۋ قولىدا ئىڭراۋاتقان دىيارىم.
شۇ سەۋەپلىك ئىزھار قىلىپ تۇيغۇمنى،
بوغۇلدايدۇ چالسام مۇڭلۇق دۇتارىم.

دەردىم مېنىڭ-خەلقىم چەككەن ئاھۇ-زار،
ئەسىر بويىي ياشىغىنىم بولۇپ خار.
ئوزگىلەرچۇ، ئىستىقبالغا يەتكەندە،
مەن يېتەلمەي ھەس-ھەستىمەن، ئىنتىزار.

دەردىم مېنىڭ-ئانا ۋەتەن، تۇغۇلغان،
ياۋ قولىدا ئاھ-زار چېكىپ بوغۇلغان.
گۈلشەندىكى خۇشپۇراقلىق گۈللىرى،
غۇنچە تۇرۇپ، ئېچىلماستىن سوغۇلغان.

## ئوغۇل-قىزغا ئوگەت پەزىلەت، بىلىم،
## پەزىلەتلىك بولسۇن، خۇلقى، مۇلايىم.

# 1ـ ماي ـ باھار، دوستلۇق بايرىمى

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى ـ رويۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

ЖАҢА ӨМІР

1995 ـ يىل
29 ـ ئاپرېل
شەنبە
№17
(3974)
ئەركىن باھا

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي ـ سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

تەبرىكلەيمىز

## مۇناسىپ مۇكاپاتلار

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ن. ئە. نازارباييۇنىڭ پەرمانى بويىچە 1941 ـ 1945 ـ يىللاردىكى ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغانلىقى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللىرى ئەمگەك جاسارىتىنى كورسەتكەنلىكى ۋە ئۇلۇق غالىبىيەتنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر توپ ئادەملەر جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ دولەت مۇكاپاتلىرى بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇۋەندىكىلەرگە ئالاھىدە بەلگۈ ـ ئالتۇن يۇلتۇزنى قوشۇپ «خالىق قاھارمانى» دېگەن ئالىي دەرىجىلىك ئاتاق بېرىلدى:

**قايسېنوۋ قاسىم** ـ يازغۇچى، ئالمۇتا شەھىرى.

**كۇلاكوۋ ئالېكسېي كارپوۋىچ** ـ پېنسىونېر، قاراغاندا ۋىلايىتى، ئوسا كاروۋ ناھىيەسى.

**تايپوۋ موردۇن** ـ پېنسىونېر، ئالمۇتا ۋىلايىتى، ئۇيغۇر ناھىيەسى.

شۇنداقلا ئالمۇتا شەھرىدىكى پېنسىونېر **باراتوۋ سېيتۋالدى «ئىرىن ئېگىبېگى ئوشېن»**، تالدىقورغان ۋىلايىتى پانفىلوۋ ناھىيەسىدىكى ئالتوي يېزىسىدىن پېنسىونېر **باستوۋ سۇلتان «شاراپات»** مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسىنىڭ كوللېكتىۋى ئۇلارنى مۇناسىپ مۇكاپاتلىرى بىلەن سەممىي تەبرىكلەپ، ياخشى سالامەتلىك، ئۇزاق ئومۇر، ئائىلىرىدە خاتىرجەملىك تىلەيدۇ.

(موردۇن تايپوۋ توغرىلىق گېزىتىمىزنىڭ نوۋەتتىكى سانلىرىنىڭ بىرىدە كولەملىك ماتېريال بېرىلىدۇ).

**(ئوز مۇخبىرىمىز).**

---

### ئاتالغۇشۇناسلىق كېڭىشى قۇرۇلدى

گېزىتخانلىرىمىزغا ياخشى مەلۇمكى، بۇنىڭدىن خېلە يىللار ئىلگىرى «كوممۇنىزم توغى» (ھازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى») گېزىتىنىڭ رېداكسىيەسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاتالغۇلىرى بويىچە كومىسسىيە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ بۇ ساھادا خېلە ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى. نەتىجىدە تىلىمىزغا نۇرغۇنلىغان يېڭى سوزلەر قوشۇلۇپ، ئىلگىرى رۇس ۋە باشقا تىللاردىن ئېلىنغان ئاتالغۇلار قوللىنىشتىن قالغان ئىدى. گېزىت سەھىپىلىرىدە يېڭىدىن كىرگەن ئاتالغۇلار ئېلان قىلىنىپ كەلگەن. لېكىن بىر ئاز يىللاردىن بېرى ئۇ كومىسسىيە ئوز پائالىيىتىنى توختاتقان.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسا تىلىمىزدىكى بىر سوزنىڭ ئوزى ھەر يەردە ھەر خىل ئاتىلىپ، ھەر خىل يېزىلىپ كېلىۋاتقانلىقى بايقالماقتا. شۇنىڭ ئۇچۇن ئاتالغۇلارنى بىر قېلىپقا كەلتۇرۇش ئاھايىتى مۇھىم مەسىلىلەردىن بولدى. بۇ مەخسەتتە 26 ـ ئاپرېل كۇنى غ. سەدۋاقاسوۋ نامىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ۋە جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتى رېداكسىيەسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن رېداكسىيەدە يىغىن بولۇپ ئوتتى. ئۇنىڭغا ئىنستىتۇت خادىملىرىدىن، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش رادىو ۋە «ئالتاغ» رېداكسىيەسىدىن، «رائۇئان» نەشرىياتىدىن، ئۇيغۇر تىياترىدىن، گېزىت رېداكسىيەلىرىدىن، ئى. ئالتىنسارىن نامىدىكى بىلىم بېرىش پروبلېملىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش لابوراتورىيەسىدىن ۋەكىللەر، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە باشقىلار قاتناشتى. يىغىننى گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ي. ئازاماتوۋ ئېلىپ باردى. يىغىندا سوزگە چىققان فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتلىرى ش. باراتوۋ، ر. ئىسمايىلوۋ، ب. ئەلاخۇنوۋا، س. موللائۇدوۋ، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ت. تالىپوۋ، ئۇيغۇر تىلىدا رادىو ئاڭلىتىش رېداكسىيەسىنىڭ باشلىقى ر. سەمەدىي، «يېڭى ھايات» گېزىتىدىن م. ئوبۇلقاسىموۋ، ئۇيغۇر تىياترىدىن ز. سېتەكوۋ ۋە باشقىلار ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى بىر ئىزغا چۇشىرىشنىڭ كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىشىپ، بۇ ھەقتىكى ئىنستىتۇت بىلەن گېزىت رېداكسىيەسىنىڭ تەشەببۇسىنى سەممىي قوللاپ ـ قۇۋەتلىدى.

يىغىن ئاخىرىدا ئىنستىتۇت بىلەن گېزىت رېداكسىيەسى يېنىدا ئۇيغۇر تىلى بويىچە 17 ئادەمدىن ئىبارەت ئاتالغۇشۇناسلىق كېڭىشى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ھەر ساھانىڭ مۇتەخەسسىسلىرى كىردى. كېڭەش رەئىسى بولۇپ فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى شېرىۋاخۇن باراتوۋ سايلاندى.

**(ئوز مۇخبىرىمىز).**




**ئا. قاسىمى**

### ماي بايرىمى

ماي ـ گۇزەل باھارنىڭ كوكۇللۇك چېغى،
ياشنىغان باغلاردا ئېچىلغان گۇللەر.
دىللارغا بېغىشلار شېرىن تۇيغۇلار،
ئاخشىلار ساداسى ـ جاراڭلىق گۇنلەر.

جانلانغان ھەر ياقتا چۇشقۇن كەيپىيات،
ئاقىدۇ سايلاردا سۇلار ئوركەشلەپ.
پەلەكتە ياڭرىغان نەغمە ـ ناۋالار،
دوستلۇق ۋە ئىناقلىقنى ئوتىدۇ كۇيلەپ.

چىللايدۇ قوينىغا ئىشچان دېخاننى،
يېشىل تون كىيىشكەن دالا ـ ئېتىزلار.
ۋىگىتلەر قەلبىگە ئوت سېلىپ ئوتەر،
گۇل قىسىپ مېڭىشقان ـ گۇل چىراي قىزلار.

بۇگۇن ماي بايرىمى ـ ياسىنىپ ھەممە،
جاھانچە شاتلىنىپ كېتىپتۇ، ئايھاي!
گۇللەرنىڭ شېخىغا قونۇپ بۇلبۇللار،
گۇلىستان باغلاردا سايرايدۇ ھارماي.

